# خوتەن دىيالېكتىدا ساقلىنىپ قالغان، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇچرايدىغان بەزى قەدىمكى سۆزلەر توغرىسىدا

تۇرسۇنجان ئىمىن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە باشقا قەدىمكى ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان، خوتەن دىيالېكتىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، ئەمما ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان 41 قەدىمكى سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى ۋە خوتەن دىيالېكتىدىكى ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى قىسقىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك؛ خوتەن دىيالېكتى؛ قەدىمكى سۆزلەر

---

خوتەن دىيالېكتى رايونىدىكى خەلقلەر خوتەننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تىل تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆزىگە خاس رايون خاراكتېرلىك تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە سۆزلۈكلىرىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا، خوتەن دىيالېكتى فونېتىكا ۋە بىر قىسىم سۆزلۈك جەھەتتە باشقا دىيالېكتلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رادىيو- تېلېۋىزىيەنىڭ ئومۇملىشىشى، قاتناشنىڭ راۋانلىشىشى، ھەر قايسى شەھەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دىيالېكت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر بارغانسېرى ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن دىيالېكتىدا يەنىلا نۇرغۇن روشەن ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. خوتەن دىيالېكتى بىلەن ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ.

## 1. فونېتىكا جەھەتتىكى پەرقلەر

1) ئەدەبىي تىلدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان ‹o› خوتەن دىيالېكتىدا ‹u› غا، ئىككىنچى بوغۇمدىكى ‹u› بولسا ‹a› غا ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، ئويان- ئويۇن، قوياغ- قويۇق قاتارلىقلار.

2) ئەدەبىي تىلدا سۆز بېشىدا ياكى بىرىنچى بوغۇمدا كېلىدىغان ‹ö› ۋە ‹o› ، خوتەن دىيالېكتىدىكى بەزى سۆزلەردە ‹ü› ۋە ‹u› غا، ئىككىنچى بوغۇمدىكى ‹ü› ۋە ‹u› بولسا ‹ä› ۋە ‹a› غا ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: ئۆلۈم- ئۈلەم، ئوتۇن-ئۇتان، كۆزۈم- كۈزەم، كۆمۈر-كۈمە قاتارلىقلار.

3) سۆزنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى بوغۇمدا كېلىدىغان ‹r› تاۋۇشى بەزىدە ‹y› غا ئالمىشىدۇ ياكى ‹r› تاۋۇشى باشقا دىيالېكتتىن پەرقلىق ھالدا ئۇرغۇلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يارۇن ~ رايون، مورا ~ مويا قاتارلىقلار.

4) سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ‹p› كەينىدىكى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز بېشىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش سەۋەبىدىن ‹b› غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، كەبدۈك «كېلىپدۇق»، سەبدۈك«سېلىپدۇق» ، سەببەدى «سېلىپ بەردى» قاتارلىقلار.

5) خوتەن دىيالېكتىدا قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلىنىڭ بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان بولۇپ، سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ‹k› قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش ‹g› غا ئالمىشىدۇ، سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ‹q› بولسا ‹γ› غا ئالمىشىدۇ. مەسىلەن:

| خوتەن دىيالېكتى | ئەدەبىي تىل |
|---|---|
| شۇنداغ | شۇنداق |
| ئانداغ | ئانداق |

| | |
|---|---|
| ئىسسىغ | ئىسسىق |
| تاتلىغ | تاتلىق |
| ئۈچەگ | ئۆچۈك |
| ئۈرۈگ | ئۆرۈك |
| بىلىملىگ | بىلىملىك |

## 2. لېكسىكىلىق پەرقلەر

سۆزلۈك جەھەتتە، خوتەن دىيالېكتىدىكى سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. قىسمەن پەرقلەر پەقەت فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. ئەمما بەزى سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان بولۇپ، پەقەت خوتەن دىيالېكتىدىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| خوتەن دىيالېكتى | ئەدەبىي تىل | مىسال |
|---|---|---|
| بوخۇناق | چاڭ ـ توزاڭ | ھويلىنى بوخۇناق ئۆلەتمەي سۇپە! |
| چاپتىكەش | كەپىنز | قوشنىمىزنىڭ بالىسى بەك چاپتىكەش. |
| ئەگۈن | ئىشىك | ئەگۈننى يەڭگۈشلىمىسەك بومىدى. |
| پوپاي | سېمىز | ھەجەپ پوپايكەن بۇ ئەدەم. |
| خارەت | ياغاچچى | ئۈنىڭ دادىسى خارەت. |
| قەنە | كانارە | قەنەدىكى كالا گوشىمۇ يا قوي گوشىمۇ؟ |
| غوراپ | توك ئۈزۈم | |
| غۇلى | يامىنى كەلسە، بەك بولمىغاندا | غۇلى كەسە رۇخسەت سورامەن شۇ! |
| غورتەك | شاكىچىك | ھە! غورتەك نىمە قىلىۋاتىسەن؟. |

يۇقىرىقى سۆزلۈكلەردىن سىرت، خوتەن دىيالېكتىدا ھازىرقى ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان ياكى قوللىنىلىش دائىرىسى تار، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇچرايدىغان نۇرغۇن سۆزلەر مەۋجۇت. بۇ سۆزلەر ئاددىي خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىلمەيدىغان ياكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىرئاز تار بولغان، بىراق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇچرايدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

[Ališ] ئالىش ـ دەريا ياكى كۆللەردىن سۇ ئاچىدىغان ئېغىزنى كۆرسىتىدۇ①. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ، «ئېلىش» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. قارىقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ئايرىلىدىغان كۆھمارىم ساياھەت رايونىدىكى باش توسما «ئېلىش بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. [apa-aba] ئاپا ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەجداد»، «بوۋا»، «موما»، «ئانا»، «ئاچا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ②. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بولسا «ئانا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتى كېرىيە شېۋىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاچا» مەنىسىنى ساقلاپ قالغان.

3. [arïγ] ئارىغ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پاك»، «ساپ»، «پاكىز» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئارىغ نەڭ ـ ئېرىغ نەرسە③. بۇ سۆز قەدىمكى تۇرپان تېكىستلىرىدە «مۇقەددەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «ئېرىغ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ،

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 84 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 116 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 86 ـ بەت.

ئۇنىڭ پەقەت «پاكىز» دېگەن مەنىسىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە ‹a› تاۋۇشى ‹e› غا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، خوتۇن، بالىنىڭ زاكىسىنى ئېرىغدۇۋەتكىنە. سۈپۈندىنى ئېرىغ ئال.

4. [alang] ئالاڭ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوچۇق جاي»، «كەڭرى يەر»، «ئوچۇقچىلىق» دېگەن مەنىسى بار. مەسىلەن، ئالاڭ يازى ـ ئالاڭ مەيدان①. خوتەن دىيالېكتىدا سوزۇق تاۋۇش ‹ئا› نىڭ ئالدىغا ئۈزۈك تاۋۇش ‹ھ› قوشۇلۇپ قالغان ۋە «ل» تاۋۇشى تەكرارلىنىپ ‹ھاللاڭ› بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئىشىك ھاللاڭ قاپتۇ، تېز ئېتىۋەت.

5. [altïn] ئالتىن ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاستىن»، «تۆۋەن» دېگەن مەنىدە②. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سەھنە ئەسىرى «مايترى سىمىت»تىمۇ «ئاستىن»، «ئاستى تەرەپ» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. خوتەن دىيالېكتىدا [altin] «ئالتىن»، [ultin] «ئۇلتىن» دېگەن ئىككى خىل ۋارىيانتى بار. مەسىلەن، ئايۋاننىڭ ئالتىندا ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق. ئۈستەلنىڭ ئۇلتىندا نېمە با؟

6. [ayaq] ئاياق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قاچا»، «جام» دېگەن مەنىدە③. خوتەن دىيالېكتىدا بىر خىل قاچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار مېھمانلارغا چىنە ئاياقتا ئاش ئەكەلدى. دېھقانلار ياغاچ ئاياقتا ئاش ئىچىشنى ياقتۇرىدۇ.

7. [än] ئەن ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئويمان»، «ئوي يەر» دېگەن مەنىدە. مەسىلەن، ئەن يەر ـ ئويمان يەر④. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى ئىشلىتىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن، بۇ ئېتىز بەك ئەن، سۇغۇرۇش قۇلاي.

8. [ägin] ئەگىن ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «دولا، مۈرە» دېگەن مەنىسى بار⑤. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا ئىگىن، ئەگىن دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە كىيىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن، ئىگىنىڭنى تېز ئالماشتۇرۇۋەت، قاسماق بولۇپ كېتىپتۇ.

9. [äšitmäk] ئەشىتمەك ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاڭلىماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن⑥. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى ئىشلىتىش ئۇسۇلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك تەرەققىياتى بويىچە 1 ـ سوزۇق تاۋۇش ä تاۋۇشى i گە ئاجىزلىشىپ «ئىشتمەك» بولۇپ قالغان. مەسىلەن، سۆزمىنى ئىشتىڭمۇ؟ قۇلىقى ئىشتمەيتۇ بۇ گادايىنىڭ. يەنە ئىزا ئىشتتىم.

مەركىزىي دىيالېكتتا بۇ سۆزنىڭ پەقەت سەلبىي مەنىسىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، تىل ئىشتمەك، گەپ ئىشتمەك.

10. [äštürdi] ئەشتۈردى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاڭلاتماق» دېگەن مەنىدە⑦. بۇ سۆز ئاڭلاشنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى بولۇپ، خوتەن دىيالېكتىدا پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى ـ دۇرنىڭ ۋارىيانتى خوتەن دىيالېكتىدا ـ كۈزگە ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، بۇ بالىغا گېپىمنى ئىشتكۈزەممىدىم.

11. [äm] ئەم ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى» دېگەن مەنىدە⑧. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتى بىلەن ئاتۇش شېۋىسىدە ساقلىنىپ قالغان. خوتەن دىيالېكتىدا بۇ سۆز ئادەم تىللىغاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 182 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 147 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 114 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 68 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 68 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 327 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 296 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 53 ـ بەت.

12. [burmaq] بۇرماق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پۇراق چىقارماق»، «پۇرىماق» قاتارلىق مەنىلەردە كەلگەن. مەسىلەن، يىپار بۇردى ـ ئىپار پۇراپ كەتتى. سۇۋ بۇردى ـ سۇ پۇرقۇردى①. قەشقەر شىۋىسى، ئاتۇش شىۋىسى ۋە خوتەن دىيالېكتىدا بۇرماق سۆزىدىكى «b» ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش «p»غا ئاجىزلاشمىغان. مەسىلەن، بۇ ئۆينىڭ ئىچى بۇراپ كېتىپتۇ. گوش بۇراپ قاپتۇ، تاشلىۋەت.

13. [bökmäk] بۆكمەك ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يوشۇرۇنماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن، ئول مەنى كۆرۈپ بۆكتى②. ئەدەبىي تىلدا b تاۋۇشى m بىلەن ئالمىشىپ «بۆكمەك» «مۆكۈنمەك»كە ئۆزگەرگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى bän بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى mänگە ئوخشاش. ئەمما قەشقەر شىۋىسى، ئاتۇش شىۋىسى ۋە خوتەن دىيالېكتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، باللار بۆكۈشۈپ ئويناۋاتىدۇ. نەگە بۆكۈۋالدىڭ؟! چاپسان چىق!

14. [bögmäk] بۆگمەك ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توسماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن، ئول ماڭا سۇۋ بۆگۈشدى③. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، سۆيگۈمىز كەلكۈن مىسال، بولمايدۇ ھۆددەس بۆگكىلى، قاش ياساپ، ئۆستەڭ ياساپ بۇغداي سۇغارسام كەچكىچە④.

15. [bütün] بۈتۈن ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بارلىق»، «ھەممە»، «پۈتۈن» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن⑤. خوتەن دىيالېكتىدا ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلى ساقلىنىپ قالغان. ئەدەبىي تىلدا بولسا b تاۋۇشى pغا ئاجىزلىشىپ «پۈتۈن»گە ئۆزگەرگەن.

16. [kärki] كەركى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوتۇن يارغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابنى كۆرسىتىدۇ⑥. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا كەكە دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، كەكىنىڭ دەستىسى سۇنۇپ كېتىپتۇ، دەستىلەپ قوي.

17. [manču] مانچۇ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كاسىپلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى كۆرسىتىدۇ⑦. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «مانجۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئادەتتە تىككۈچىلەرگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى «مانجۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ كىيىمنىڭ مانجۇسىغا 120 كوي بەردىم.

18. [mängzätmäk] مەڭزەتمەك ـ بۇ سۆزنىڭ «ئوخشاتماق»، «سېلىشتۇرماق» دېگەن مەنىلىرى بولۇپ⑧، خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى مەنىسى بىلەن ئوخشاش. بۇ سۆز چىرا ۋە خوتەن شەھىرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئانام ئۇنى كۆرۈپ بىرسىگە مەڭزەتتى.

19. [tälü] تەلۈ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخمەق»، «تەلۋە» دېگەن مەنىدە بولۇپ⑨. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا ھېچقانداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى يوق بولۇپ، ئىشنى بۇزىدىغان، ئەخمەق، پاكلانمىغان دېگەن مەنىلىرى بار، بەزىدە ئادەم تىللىغاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ تەلۈ يەنە كېچىكتى.

20. [tört bältir, tört bäldir] تۆرت بەلتىر، تۆرت بەلدىر ـ «تۆرپاندىن تېپىلغان تېبابەتكە ئائىت

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 ـ بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ توم، 24 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ توم، 24 ـ بەت.
④ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شىۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 44 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 518 ـ بەت.
⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 560 ـ بەت.
⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 545 ـ بەت.
⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ توم، 525 ـ بەت.
⑨ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 320 ـ بەت.

تېكىستلەر»دە تۆت يول كېسىشكەن جاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتى بىلەن قۇمۇل شېۋىسىدە ئۆزگەرمەي ئەسلىدىكى مەنىسىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، بۇ بالا قاچانلا قارىسا تۆت يولنىڭ بەلدىدە.

21. [čalpaq] چالپاق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پاسكىنا»، «چىگىش»، «چالپاق ئىش ـ چىگىش ئىش» قاتارلىق مەنىلەردە كەلگەن①. خوتەن دىيالېكتىدا بۇ سۆزنىڭ ئىشنى «پاكىز تۈگەتمەيدىغان، چىگىش» دېگەن مەنىلىرى بار. ئىشنى ۋاقتىدا تۈگەتمەيدىغان كىشىلەرگە «چالپاق» دەپ لەقەم قويۇلۇپ قالغان. مەسىلەن، بۇ ئىشنى بەك چالپاق قىپسەن. سەمەت چالپاق تېخىچە كەپ بولالمىدى.

22. [čulq] چۇلق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «غەرق مەست بولماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن②. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «چىلىق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «چىلىق مەست بولماق»، «چىلىق ـ چىلىق تەرلىمەك» دەپ قوللىنىلىدۇ.

23. [otači] ئوتاچى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوت ـ دورا ئوت» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن، ئوت ئىچتىم، ئوتاچى ـ تېۋىپ③. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسىمۇ ئوخشاش، ئەمما ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارىيىپ كەتكەن.

24. [saγ] ساغ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەقىللىق»، «زېرەك» دېگەن مەنىدە كەلگەن. خوتەن دىيالېكتىدا سۆز ئايىغىدىكى ‹غ› بىلەن ‹ق› ئالماشقان بولۇپ، بۇ سۆز «ساق»، «ئەقىللىق»، «زېرەك» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ④. مەسىلەن، سۈتتىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق.

25. [soγut] سوغۇت ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پېشلاق» دېگەن مەنىدە كەلگەن⑤. خوتەن دىيالېكتىدا 1 ـ بوغۇمدىكى ‹ئو› ‹ئا› غا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەنىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بومىغان.

26. [song] سوڭ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئارقا»، «كېيىن» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن⑥. خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسىمۇ ئوخشاش.

27. [soqmaq] سوقماق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەزمەك»، «مىجىماق»، «چوقۇماق» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. مەسىلەن، قۇش مەڭ سوقدى⑦. خوتەن دىيالېكتىدا «سوقماق» ياڭاق مېغىزى، قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلاردىن ئېزىپ ياسالغان بىر خىل يېمەكلىكنى كۆرسىتىدۇ.

28. [sipüt] سىپۈت ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يۇمغاقسۈت»، «ئاشكۆكى» دېگەن مەنىدە كەلگەن⑧. خوتەن دىيالېكتىدا «يۇمغاقسۈپۈت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

29. [süpründi] سۈپۈرۈندى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخلەت» دېگەن مەنىدە كەلگەن⑨. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «سۈپۈندە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئەمما قەشقەر شېۋىسىدە ئادەم تىللاش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، سۈپۈندىنى پاكىز ئال. ئۇ نېمانداق سۈپۈندە ئادەم.

30. [öčäš] ئۆچەش ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆچەكىشىش» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن، ئول مەنىڭ بىرلە ئۆچەشدى⑩. خوتەن دىيالېكتىدا بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگەرمىگەن. مەسىلەن،

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 614 ـ بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 454 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 48 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 210 ـ بەت.
⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 462 ـ بەت.
⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 488 ـ بەت.
⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ توم، 23 ـ بەت.
⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 462 ـ بەت.
⑨ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 641 ـ بەت.
⑩ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 244 ـ بەت.

ئوقۇتقۇچى ئۈنىڭ بىلەن ئۆچىشەپ قالدى.

31. [šap] شاپ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تېز»، «چاپسان»، «ئالدىراش» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن①، خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. مەسىلەن، بالام! شاپ بول، ئۇلار ساقلاپ قالدى.

32. [tosun] توسۇن ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مىنمىگەن تاي» دېگەن مەنىدە كەلگەن②. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «توسان» دەپ، ئىلى شېۋىسىدە «توسۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىتتىكىز توسان ئىكەن، سۇندۇردى ئىگەرىمنى③.

33. [tïγra] تىغىرا ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆچلەنمەك»، «ئەركەكلىكى ياكى ئىرادىسى كۆچەيمەك» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن④. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «دىغىرا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، خوتەن دىيالېكتىدا بۇ سۆز «قاشاڭلىشىپ قالماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، بۇ قىز دىغىراپ قاپتۇ (بۇ قىز قاشاڭشىپ قاپتۇ).

34. [qarači] قاراچى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرىدىغان تىلەمچى» دېگەن مەنىدە كەلگەن⑤. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى مەنىسىنى ساقلاپ قالغان.

35. [qoγuš] قوغۇش، قوغاش ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «نور»، «ئۈستى ئوچۇق نور» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن، نور ـ تەگىرمەن نورى⑥. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا تۈگمەننىڭ سۇ چۈشۈرىدىغان نورىنى كۆرسىتىدۇ.

36. [quz] قۇز ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەسكەي» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مەسىلەن، قۇزدا قار ئەكسۈمەس، قويدا ياغ⑦. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسىمۇ ئوخشاش.

37. [qata] قاتا ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «قېتىم»، «كەز» بولۇپ⑧، خوتەن دىيالېكتىدا ھازىرغىچە ناھايىتى كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ساڭا نەچچە قاتا دېدىم، قۇلىقىڭ پەقەت گەپ ئاڭلىمايتۇ سېنىڭ.

38. [utru] ئۇترۇ ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇتتۇر»، «ئۇدۇل» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. مەسىلەن، ئول ماڭا ئۇترۇ كەلدى⑨. بۇ سۆز خوتەن دىيالېكتىدا «ئۇتتۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ، مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن، دەرستىن چۈشۈپ ئۇتتۇ مېنىڭ ئۆيەمگە كەل، ساڭا دەيتقان گېپىم با.

39. [uz] ئۇز ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قولى ئەپلىك كىشى»، «ئىش، ھۈنەرگە ماھىر كىشى»، «قابىلىيەتلىك كىشى» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن⑩. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا «چىرايلىق»، «گۈزەل» دېگەن مەنىلىرى بار. مەسىلەن، بۇ يەر بەك ئۇزكەن. قولى ئۇز (قولى ئەپلىك ياكى قىلغان

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 418 ـ بەت؛ 3 ـ توم، 199 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 523 ـ بەت.

③ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 82 ـ بەت.

④ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 379 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 581 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 478 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 426 ـ بەت؛ 3 ـ توم، 171 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 301 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 170 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى ئەسەر: 1 ـ توم، 64 ـ بەت.

ئىشى چىرايلىق).

40. [umunmaq] ئۇمۇنماق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈمىد قىلماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن①. بۇ سۆزنىڭ خوتەن دىيالېكتىدىكى مەنىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ، «بىرىدىن بىر نەرسىنى ئۈمىد قىلىپ قالماق» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. مەسىلەن، كىچىك بالىنى ئۇمۇندۇرمىساڭ بومامتا؟! كېسەل يوقلىغانىدا سوۋغات كۆتۈرگەچ بارايلى، بولمىسا ئۇمۇنۇپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدۇ. ھەي! ئۇنىڭغا سوۋغا ئالماي ئوبدان قىلماپسەن، ئۇ ئۇمۇنۇپ قولۇڭغا قاراپ قالدى.

41. [yïdïmaq] يىدىماق ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سىپىسماق، ئېچىماق» دېگەن مەنىدە كەلگەن②. خوتەن دىيالېكتىدا بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، تۇخۇم يىدىپ قاپتۇ، يېگىلى بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، دىيالېكت سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بايلىقى، شۇڭلاشقا ئۇلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئەدەبىي تىلدا كەڭ قوللىنىش، بۇ سۆزلەر ئارقىلىق لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش ناھايىتى مۇھىم. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئەمما كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئەدەبىي تىلغا كىرگۈزۈلمەي چەتلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ سۆزلەر پەقەت دىيالېكتلاردا ۋە شېۋىلەردىلا ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ دىيالېكت سۆزلىرى بىزنىڭ بايلىقىمىز. مېنىڭچە، بۇ دىيالېكت سۆزلىرى خەلق تىلىدا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىخچام ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىش تامامەن مۇمكىن. بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرالايمىز.


**پايدىلانمىلار:**

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملىرى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. ج. كىلاۋسون: « 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.

3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشرگە تەييارلاشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

4. خەمىت تۆمۈر: «ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

5. ش ئۇۋ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

6. چېن زۇڭجېن: « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىكى سېرىق ئۇيغۇرلار (يۇغۇرلار)نىڭ تىلىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى سۆزلەر توغرىسىدا 3 ـ قېتىملىق تەھلىل»، «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان، 57~67 ـ بەتلەر.



**ئاپتور:** جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پوستدوكتورى


**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 276 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 94 ـ بەت.